# شنجاڭ گېزتى

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

شنجاڭ گېزتخانسى نەشر قلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملكەت ئىچدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W

2020 ـ يىل 5 ـ ئاي
16
شەنبە
维吾尔文 5 月16日

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25063 ـ سان بۈگۈن 4 بەت


## شى جىنپىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا جەنۇبىي ئافرىقا زۇڭتۇڭى، ۋېنگرىيە زۇڭلىسى بىلەن تېلېفونلاشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى كەچتە جەنۇبىي ئافرىقا زۇڭتۇڭى رامافوسا بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھازىر، ئافرىقىدا يۇقۇم تېز سۈرئەتتە كېڭىيىپ يامراۋاتىدۇ. سىزنىڭ رەھبەرلىكىڭىزدە، جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتى بىر قاتار يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، پائال نەتىجە ـ ئۈنۈمگە ئېرىشتى. جۇڭگو تەرەپ داۋاملىق جەنۇبىي ئافرىقىنى قەتئىي قوللاپ ۋە چامىنىڭ يېتىشىچە ياردەم بېرىپ، ئىككى تەرەپنىڭ داۋالاش ـ سەھىيە ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىدۇ. جۇڭگو تەرەپ جەنۇبىي ئافرىقا بىلەن دائىملىق ئالاقىنى ساقلاپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

### جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىن ئاچتى

# ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتنى مۇزاكىرە قىلدى

### جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى يىغىن ئېچىپ، گوۋۇيۈەن 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنىدىغان «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات»نىڭ ئارگىنالىنى مۇزاكىرە قىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنداق قارالدى: ئۆتكەن بىر يىلدا، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى نۇرغۇن قىيىنچىلىق، خىرىسقا دۇچ كەلدى، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، پۈتۈن يىللىق ئاساسلىق نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى تاماملاپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ ئاساس سالدى. يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى بىرىنچى دەرىجىلىك مۇھىم ئىش قاتارىدا چىڭ تۇتتى، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ، ئۆزى ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، خەلقنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جەڭگى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىنى ياخشى قىلدى. مىسلىسىز جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، ۋۇخەننى قوغداش جېڭى، خۇبېينى قوغداش جېڭىدە ھەل قىلغۇچ نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشتا پائال نەتىجە ـ ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ھازىر يەر شارىدىكى يۇقۇم ۋە دۇنيا ئىقتىسادى ۋەزىيىتى ھېلىھەم كەسكىن، مۇرەككەپ بولۇۋاتىدۇ، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى دۇچ كېلىدىغان خىرىس مىسلىسىز. بۇ يىللىق ھۆكۈمەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

### ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىكى تۆرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتايلى



## چاۋچېڭ «تيانشان يۈرۈشلۈكى» كومپيۇتېرى تولۇق ياساپ چىقىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋېي **خۇڭپىڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى (تۇدۇڭخابا رايونى)غا جايلاشقان شىنجاڭ بەيناۋېي ئەقلىي ئىقتىدارلىق تېرمىنال ئېلېكترونلۇق كەسىپلەر باغچىسىدا، جۇڭگو چاۋچېڭ (شىنجاڭ) «تيانشان يۈرۈشلۈكى» كومپيۇتېرى تولۇق ياساپ چىقىلدى، بۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر ياسىمىچىلىق كەسپىنىڭ يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىغا قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

بۇلتۇر 12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، جۇڭگو ئېلېكترون ئۇچۇر كەسپى گۇرۇھى جۇڭگو چاۋچېڭ پەن ـ تېخنىكا گۇرۇھى پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالاپ، ئۈرۈمچى شەھىرىدە جۇڭگو چاۋچېڭ (شىنجاڭ) ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش بازىسى تۈرى قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ سېلىپ، يىلىغا 300 مىڭ دانە كومپيۇتېر ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بەرپا قىلىشنى نىشان قىلىپ، كومپيۇتېر، مۇلازىمېتىر ھەم مۇناسىۋەتلىك زاپچاسلارنى يەرلىكتە تەتقىق قىلىپ ياساشنى ئىشقا ئاشۇردى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى (تۇدۇڭخابا رايونى)دىكى جۇڭگو چاۋچېڭ (شىنجاڭ) ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش بازىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىدە، خىزمەتچى خادىملار جۇڭگو چاۋچېڭ (شىنجاڭ) «تيانشان يۈرۈشلۈكى» كومپيۇتېرلىرىنى قۇراشتۇرماقتا.

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز زوۋ يى فوتوسى

## «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم ماقالىسى ئېلان قىلىندۇ

# 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 ـ يىغىنىدا قىلىنغان سۆز

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى نەشر قىلىنىدىغان «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىنىڭ 10 ـ سانىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ «13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 ـ يىغىنىدا قىلىنغان سۆز» ناملىق مۇھىم ماقالىسى ئېلان قىلىنىدۇ.

ماقالىدە مۇنۇلار تەكىتلەندى: خەلق تارىخنىڭ ياراتقۇچىسى، خەلق ھەقىقىي قەھرىمان. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ قايىنام ـ تاشقىنلىق تەرەققىيات تارىخىنى جۇڭگو خەلقى يازغان! مول ۋە چوڭقۇر مەزمۇنغا ئىگە جۇڭخۇا مەدەنىيلىكىنى جۇڭگو خەلقى ياراتقان! تارىختىن بۇيان داۋاملىشىپ يېڭىلىنىپ تۇرغان جۇڭخۇا مىللىتى روھىنى جۇڭگو خەلقى يېتىلدۈرگەن! جۇڭخۇا مىللىتى كۈتۈۋالغان ئورنىدىن دەس تۇرۇش، بېيىشتىن قۇدرەت تېپىشقىچە بولغان ئۇلۇغ يۈكسىلىش جۇڭگو خەلقىنىڭ كۈرەش قىلىشىدىن كەلگەن!

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: جۇڭگو خەلقى ئۇزاق مەزگىل كۈرەش قىلىش داۋامىدا يېتىلدۈرگەن، ۋارىسلىق قىلغان، تەرەققىي قىلدۇرغان ئۇلۇغ مىللىي روھ جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكىنىڭ ئىلگىرىلىشىنى كۈچلۈك مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بىلەن تەمىنلىدى. جۇڭگو خەلقى ئۇلۇغ ئىجادكارلىق روھىغا ئىگە خەلق، ئۇلۇغ كۈرەش قىلىش روھىغا ئىگە خەلق، ئۇلۇغ ئىتتىپاقلىق روھىغا ئىگە خەلق، ئۇلۇغ ئارزۇ روھىغا ئىگە خەلق، بۇنداق ئۇلۇغ خەلقنىڭ بولۇشى، بۇنداق ئۇلۇغ مىللەتنىڭ بولۇشى، بۇنداق ئۇلۇغ مىللىي روھنىڭ بولۇشى بىزنىڭ ئىپتىخارىمىز، بىزنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يول ئىشەنچى، نەزەرىيە ئىشەنچى، تۈزۈم ئىشەنچى، مەدەنىيەت ئىشەنچىنى چىڭىتىشىمىزدىكى ئىشەنچىمىز، شۇنداقلا بىزنىڭ بوران ـ چاپقۇندا توسالغۇسىز ئىلگىرىلىشىمىز، زەپەر مارشى ياڭرىتىپ ئىلگىرىلىشىمىزدىكى تۈپ كۈچ!

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: دۆلىتىمىز ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىك قىلىدىغان، ئىشچى ـ دېھقانلار ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلغان خەلق دېموكراتىيەسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى سوتسىيالىستىك دۆلەت، دۆلەتنىڭ بارلىق ھوقۇقى خەلققە مەنسۇپ. بىز چەزمەن باشتىن ـ ئاخىر خەلق مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ، خەلقنىڭ سۇبيېكتلىق ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، كەمتەرلىك بىلەن خەلقتىن ئۆگىنىپ، خەلقنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىپ، خەلقنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى قوبۇل قىلىپ، خەلقنىڭ ھىمايە قىلىش ـ قىلماسلىقى، قوللاش ـ قوللىماسلىقى، خۇشال بولۇش ـ بولماسلىقى، ماقۇل بولۇش ـ بولماسلىقىنى بارلىق خىزمەتلەرنىڭ نەتىجىلىك بولغان ـ بولمىغانلىقىنى ئۆلچەيدىغان تۈپ ئۆلچەم قىلىپ، خەلقنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەڭ بىۋاستە، ئەڭ رېئال مەنپەئەت مەسىلىلىرىنى كۈچەپ ياخشى ھەل قىلىپ، بارلىق جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا ئوغۇل ـ قىزلىرىنى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت تارىخىي مۇساپىدە بەخت ۋە شەرەپتىن ئورتاق بەھرىلەندۈرۈشىمىز كېرەك!

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## ئالدىنقى تۆت ئايدا ئالاتاۋ پورتى ئارقىلىق چېگرادىن كىرگەن ـ چىققان جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ سانى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇردى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چېن چياڭۋېينىڭ** ئۈرۈمچى تاموژنىسىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى تۆت ئېيىدا 1211 قېتىم جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى بىلەن جەمئىي 110 مىڭغا يېقىن ئۆلچەملىك ساندۇق ئالاتاۋ پورتى ئارقىلىق چېگرادىن كىرگۈزۈلگەن ـ چىقىرىلغان بولۇپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 28.28%، 37.05% ئېشىپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا پۈتۈن مەملىكەت بويىچە جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ قاتنىغان ئومۇمىي سانى ۋە ئومۇمىي ئۆلچەملىك ساندۇقنىڭ 41.47%ى ۋە 41.63%ىنى ئىگىلەپ، بىردەك پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرغان.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۈچ باغچە رايون دۆلەت زامانىۋى يېزا ئىگىلىك كەسىپلەر باغچىسى بەرپا قىلىش تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋاڭ **يۇڭفېينىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، يېقىندا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۈچ يېزا ئىگىلىك كەسىپلەر باغچىسى 2020 ـ يىللىق دۆلەت زامانىۋى يېزا ئىگىلىك كەسىپلەر باغچىسى بەرپا قىلىش تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن، ئۇلار ئايرىم ـ ئايرىم بۇرۇلتوقاي ناھىيەسى زامانىۋى يېزا ئىگىلىك كەسىپلەر باغچىسى، سانجى شەھىرى زامانىۋى يېزا ئىگىلىك كەسىپلەر باغچىسى، بىڭتۇەن 2 ـ شىسىنىڭ تىيمېنگۇەن شەھىرى زامانىۋى يېزا ئىگىلىك كەسىپلەر باغچىسى.

بۇنىڭغا 2018 ـ يىلى بەرپا قىلىش تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن بىڭتۇەن 1 ـ شىسىنىڭ ئارال شەھىرى زامانىۋى يېزا ئىگىلىك كەسىپلەر باغچىسى ۋە 2019 ـ يىلى تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەن بورتالا شەھىرى زامانىۋى يېزا ئىگىلىك كەسىپلەر باغچىسىنى قوشقاندا، نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بەش كەسىپلەر باغچىسى (بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دۆلەت زامانىۋى يېزا ئىگىلىك كەسىپلەر باغچىسى بەرپا قىلىش تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)


新疆日报 | 石榴云
新疆报业传媒集团


نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

### تۆۋەن يارباغ كەنتى:

## يەردە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش كۈچىنى ئۇرغۇتتى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز لىيۇ شياڭ، ئۆتكۈر نىجات، سۈن يۈن، لۈ يىخەن

بىر بەلباغسىمان قومۇشلۇق يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ ئوچار بازىرى تۆۋەن يارباغ كەنتىنى ناھايىتى پۇختا «ئوراپ» تۇرىدۇ. 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، ئېگىزدىن يىراققا نەزەر سالغاندا، كەنت خۇددى ئەتراپىغا جىيەك تۇتقان ياپيېشىل يۇمران يوپۇرماقلاردەك كۆرۈنەتتى.

ئالدىنقى بىر نەچچە يىلدا، تۆۋەن يارباغ كەنتىدە بۇنداق ھەممە يەر يېشىللىققا پۈركەنگەن مەنزىرە يوق ئىدى — كەڭ ـ تارلىقى ئوخشاش بولمىغان ئېتىز قىرلىرى خۇددى پىچاق بىلەن ئويۇپ قويۇلغان يېرىقلارغا ئوخشاش بولۇپ، يەرنى پارچە ـ پارچە قىلىۋەتكەنىدى؛ ئوخشاش بولمىغان زىرائەتلەر ئۇلارنىڭ ئارىسىغا ئاندا ـ ساندا تارقالغانىدى.

جىددىي ئۆزگىرىش 2017 ـ يىلى ئەتىيازدىن باشلاندى.

### نىشان نۇقتىسىنى توغرا تېپىش «تارقاق»لىق ئىچىدىن مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىش

كۆن چىقىشى بىلەن ئىشلەش، كۈن پېتىشى بىلەن ئارام ئېلىش. كەنت ئاھالىلىرى ئېرىشكەننىڭ ھەممىسى يەرگە تايىنىشتىن كەلگەن. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، تۆۋەن يارباغ كەنتىدىكى يەرلەر بۇ جايدىكى كۆپ ئادەمنى بېقىشتا ئىنتايىن ھالسىراپ قالدى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش قەدىمىگە يەر توسالغۇ بولدى.

رازىگۈل قاسىم ئائىلىسىنىڭ 1.5 مو يېرى بار بولۇپ، ئوخشاش بولمىغان ئۈچ جايغا تارقالغانىدى، سۇغىرىش، ئوغۇتلاش ئۈچۈنلا ھېرىپ ھالىدىن كېتەتتى، يىل بويى كىرىمى چەكلىك بولۇپ، شۇنچە جاپا تارتىپمۇ ئازراقلا كىرىم قىلالاتتى. نۇرئەلاگۈل تۇرغۇننىڭ ئائىلىسى تۆت مو يەرگە بۇغداي تېرىغان بولۇپ،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)




【ئاخبارات سىزمىسى】 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، يېڭىسار ناھىيەسى چولپان يېزىسىنىڭ قازاقلا ئېرىق كەنتىدە، كەنت ئاھالىسى ئابدۇرۇسۇل ئېلى ئۆزىنىڭ ئېلېكترونلۇق سودا دۇكىنىدىكى يەرلىك، خاس مەھسۇلاتلارنى رەتلىمەكتە.

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز مۇختەر ئەپرى سىزغان